شىنجاڭ گېزىتى

2021- يىل 1- ئاي
13
چارشەنبە
维吾尔文 1月13日
25305- سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1 تىيانشان تورى: www.ts.cn

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات - مۇھاكىمە كۇرسىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى لوگىكىسى، تارىخىي لوگىكىسى، رېئال لوگىكىسى بەلگىلىگەن. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇردى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يول تاللىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى پىكىر بېسىپ تارقاتتى

ئورمان باشلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1- ئاينىڭ 12- كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئورمان ۋە ئوتلاق مۇھىم تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئۇلۇغ، ئىستراتېگىيەلىك رولغا ئىگە. ئورمان ۋە ئوتلاق قاتارلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بىرىنچى، ئومۇمىي تەلەپ

(1) يېتەكچى ئىدىيە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19- قۇرۇلتىيى ۋە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2-، 3-، 4-، 5- ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ئاساسەن، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەش تەلىپى بويىچە، پۈتۈن مەملىكەتتە ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يەرلىك پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى نىشان - مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولىدىغان، تەۋەلىك بويىچە مەسئۇل بولىدىغان، تارماقلار ماسلىشىدىغان، مەنبەدىن تۈزەيدىغان، پۈتۈن رايوننى قاپلىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش.

(2) خىزمەت پرىنسىپى

—— ئېكولوگىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. ئورمان قانۇنى، ئوتلاق قانۇنى قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداپ، ئورمان ۋە ئوتلاق قاتارلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئاپتونوم رايونىمىز ساغلام، مۇقىم ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يۈنمېي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ بارلىق تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداپ، تەبىئىي ئورماننى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ساغلام، مۇقىم ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي ئورمانلىرىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «لايىھە» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتقان.

«لايىھە»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 2035- يىلىغا بارغاندا، تەبىئىي ئورمانلارنىڭ ساقلىنىش مىقدارى تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، تەبىئىي ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئورماننىڭ بۆلۈنۈش سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، تۈرلەرنىڭ كۆپ خىللىقى تېخىمۇ موللاشتۇرۇلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، تەبىئىي ئورمانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ساغلام، مۇقىم، ئىقتىدارى تولۇق بولغان ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، ئەلا سۈپەتلىك ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرى ۋە مول ئورمان مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپ، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا پۇختا ئېكولوگىيەلىك ئاساس سېلىنىدۇ.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى يېشىل، يۇقىرى سۈپەتلىك بولدى

شىنجاڭنىڭ «13- بەش يىل»ىغا نەزەر

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى چېن چياۋبى، ما يىنىڭ**

سوغۇق ئېقىمنىڭ تەسىرىدە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېلېكتر تورىنىڭ توك ئىشلىتىش يۈكى شىددەت بىلەن ئېشىپ، نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرنىڭ توك ئىشلىتىش يۈكىدە تارىخىي يېڭى رېكورت يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقىدىن كەلگەن ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش يولى ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلارغا ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈلۈپ، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنى مۇقىم ئېنېرگىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىمەكتە. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2020- يىلى، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ يىللىق توك سېتىش مىقدارى 127 مىليارد 498 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.45% ئېشىپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان.

«13- بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەتنىڭ «ئۈچ بازا، بىر يول» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن بېكىتىشىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ چوڭ تىپتىكى نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە زاپاس ساقلاش بازىسى، چوڭ تىپتىكى كۆمۈر، كۆمۈر ئېلېكتر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى بازىسى، چوڭ تىپتىكى شامال ئېلېكتر ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش بازىسى، دۆلەت ئېنېرگىيە بايلىقى قۇرۇقلۇق چوڭ يولى ھەم ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئېچىش، ئايلاندۇرۇش، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش»، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى پۈتكۈزۈپ، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

بازىلار كۆلەمگە ئىگە بولدى

1- ئاينىڭ 5- كۈنى، جۇڭخېي گۇرۇھى شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ بوغاز 7- نومۇرلۇق كۆمۈر كان قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، ئىشچىلار قۇرۇلۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. بۇ كۆمۈر كان قومۇل شەھىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈشتىكى نۇقتىلىق يانداش قۇرۇلۇش تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈش شارائىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلىغان بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە بۇ يىل 10- ئايدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈلىدىكەن.

بوغاز 7- نومۇرلۇق كۆمۈر كان قۇرۇلۇش تۈرىدە كۆمۈر، ئېلېكترنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئېچىش ئەندىزىسى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنغان بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 12 مىليون توننا قىلىپ لايىھەلەنگەن. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، قومۇلدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىلىرىنى يېقىلغۇ كۆمۈر بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭنىڭ سىرتغا يەتكۈزۈپ، كۆمۈردىن پاكىز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىدۇ.

«13- بەش يىل» مەزگىلىدە، قومۇل شەھىرى ئۆز جايىدىكى بايلىقتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت 10 مىليون كىلوۋاتلىق دەرىجىلىك شامال ئېلېكتر بازىسى، 1 مىليون كىلوۋات دەرىجىلىك يورۇقلۇق ئېنېرگىيە بازىسى، مەملىكەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ شامال ئېلېكترى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى، ئوت ئېلېكترىنى بىرلەشتۈرۈپ سىرتقا توك يەتكۈزۈش بازىسىنى قۇردى، دۆلەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشىمۇ دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

بۆرچىندا:

«ئائىلە دوختۇرلىرى» ھەممە ئائىلىگە كىرىپ ساغلاملىققا كاپالەتلىك قىلدى

5- ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ تىڭ**

1- ئاينىڭ 4- كۈنى، كېلىشىم ئىمزالىغان دېھقان - چارۋىچىلارغا ئۆيىگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش كۈنى يەنە يېتىپ كەلدى، بۆرچىن ناھىيەسى ئېگىز تۆبە يېزىسى قىزىلتوغاي كەنتىنىڭ كەنت دوختۇرى بۇلبۇلگۈل جىنىنسقان ئەتىگەندىلا دورىلارنى تەييارلاپ، دوختۇر ساندۇقىنى يۈدۈپ يولغا چىقتى.

قىزىلتوغاي كەنتى ناھىيە بازىرىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، پۈتۈن كەنتتە 464 ئائىلىلىك، 1374 كىشى بار، كەنت داۋالاش ئۆيى كەنت ئاھالىلىرى ئاساسلىق داۋالىنىدىغان جاي. كەنتتە نوپۇس كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارۋىچىلار يىل بويى سىرتتا يۈرىدىغان، پەسىلگە ئەگىشىپ يايلاق كۆچىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ساغلاملىق ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، شۇڭا قەرەللىك تەكشۈرۈش ئۇلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

2016- يىلى، بۆرچىن ناھىيەسى ئائىلە دوختۇرى كېلىشىملىك مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 67 كەنتتە نۇقتىدا سىناق قىلدى، يېزا - بازار، كەنت دەرىجىلىك داۋالاش - سەھىيە ئورۇنلىرى مۇلازىمەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش كوللېكتىپى قۇردى، ھەربىر كوللېكتىپ ئىككى - ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئائىلە دوختۇرلىرى نامرات نوپۇسلار، ھەرىكىتى قولايسىز ئالاھىدە كېسەللەر توپىنىڭ يىلدا بىر قېتىم سالامەتلىكنى ھەقسىز تەكشۈرتۈشكە مەسئۇل بولغاندىن سىرت، يەنە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسىلى بارلار، بالىلار، ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا ئۆيىگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولىدى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

شىنجاڭدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ كۆپ تۈرلۈك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ يۇڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 2020- يىلى، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى پۇل مۇئامىلە كەسپىدە ئەمەلىي ئىقتىسادقا، بولۇپمۇ كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى قوللاش سالمىقىنى زورايتتى، شىنجاڭدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشتىكى قولايلىقلىق دەرىجىسى، قەرز پۇل ئېلىش بوسۇغىسى، قەرز پۇل ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ يېقىندىكى بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىنلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەپ، قەرز پۇل ئېلىشتىكى قولايلىقلىقى ئاشقان. 2020- يىلى 4- پەسىلدە، تەكشۈرۈلگەن

(ئاخىرى 2- بەتتە)

مېنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىم

ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشقا يېتەكلەش

☐ **بايان قىلغۇچى: شىنجاڭ جۇڭشىنچى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ باشلامچىسى جوۋ چېيچۈەن**

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، بىز يېتىشتۈرۈپ زورايتقان شىنجاڭ لاۋلۇڭخې كالا، قوي بورداش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى دۆلەتنىڭ 300 كۈچلۈك ئۈلگىلىك دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ خەۋەر ھەققەتەن كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. «14- بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە:

سكانېرلاپ سىننى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 4- بەتتە)

يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى جىددىي ئىشلەپچىقىرىلماقتا

1- ئاينىڭ 6- كۈنى، بورتالا شەھىرى جىنجۈەن جۇشىن سولياۋ بۇيۇم ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە ئىشچىلار سولياۋ يوپۇقلارنى قاچىلاپ توشۇماقتا. قىش كىرگەندىن بۇيان، بورتالا شەھىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بار كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى، سولياۋ يوپۇق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

☐ **يۈسۈپ غېنى فوتوسى**

ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش - ترانسپورت مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 60 مىليارد يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لۇ فېڭباۋ**نىڭ 1- ئاينىڭ 11- كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش - ترانسپورت خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، 60 مىليارد يۈەنگە يېقىن قاتناش - ترانسپورت مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنى تاماملاشنى مۆلچەرلىگەن.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئومۇمىي مۇساپىسىنى 6000 كىلومېتىردىن ئاشۇرۇش پىلانلانغان، يۇقىرى سۈرئەتلىك (1- دەرىجىلىك) يول تۇتاشقان ناھىيە بازىرىدىن توققۇزى كۆپەيتىلىپ، 89غا يەتكۈزۈلىدىكەن، 5700 كىلومېتىر يېزا تاشيولى يېڭىدىن ياسىلىدىكەن، ئۆزگەرتىپ ياسىلىدىكەن. تۈر قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل قاتناش قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 67نى يولغا قويۇشنى پىلانلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 56، يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈر 11 ئىكەن.

(ئاخىرى 3- بەتتە)